# شى جىنپىڭ چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈن ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بار ـ يوقنى تەڭ كۆرۈش، ئۆزئارا قوللاپ ھەمكارلىشىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى بۇرۇنلا شەكىللەندۈرگەن. ئۆتكەن بىر يىلدا تۆت قېتىم ئۇچرىشىش ئارقىلىق، مەن يولداش باش شۇجى بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنى قوغداشنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. بۈگۈن يولداش باش شۇجى شى جىنپىڭ چاۋشيەندە زىيارەتتە بولۇپ، يەنە چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ يېڭى شانلىق بېتىنى ئاچتى. بايىلا مەن يولداش باش شۇجى بىلەن يېڭى دەۋردە چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىش، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش مۇساپىسىدە يېڭى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. چاۋشيەن تەرەپ ئىلگىرىكىدەكلا، جۇڭگو تەرەپ بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتىدۇ.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ 70 يىللىق تارىخىنى ئەسلىسەك، ئىككى تەرەپنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلىپ، بىزگە ئورتاق قىممەتلىك بايلىق قالدۇردى. گەرچە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولغان، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. بايىلا، مەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈن بىلەن مول نەتىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق پىلانلىدۇق، بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. بىز بىردەك، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى تەرەپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئەنئەنىۋى دوستلۇققا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتۈشى كېرەك، دەپ قارىدۇق. بىز بىردەك، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كىشىلەر قەلبىنىڭ ئىنتىلىشى، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى بولۇپ، تىنچلىق سۆھبىتى بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، رايون، ھەتتا دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك، دەپ قارىدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە، چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقى كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈننىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننى يولغا قويۇپ، كۈچنى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈن باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا مۇقەررەر ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتى ۋە رايوننىڭ ئۇزاق تىنچلىقى، ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ.

قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا، مېھمان بىلەن ساھىبخانا دوستلۇقنى ئورتاق بايان قىلدى، ھەمكارلىق ئۈستىدە ئورتاق پاراڭلاشتى، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

زىياپەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش ئىشتابىدا چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرى، ئاممىۋى تەشكىلات مىنىستىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسىگە گۈل تەقدىم قىلدى. قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى ھەم كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈن ۋە رەپىقىسى كۆپچىلىك بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشقان چاۋشيەن تەرەپ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن سۈي لۇڭخەي، پياۋ فېڭجۇ، جىن سەيلۇڭ، لى يۇڭخاۋ، لى ۋەنجيەن، پياۋ گۇاڭخاۋ، لى جۇيۇڭ، جىن پىڭخەي، سۈي خۇي، ۋۇ شۆيۇڭ، ئەن جېڭشيۇ، پياۋ تەيدې، پياۋ تەيچېڭ، جىن يىڭجې، جىن شيۇجى، تەي خېڭچې، لۇ دووجې، سۈي فۇرى، جاۋ يۇڭيۈەن، نۇ گۇاڭتيې، جىن دېشۈن، لى لۇڭنەن، جىن نېڭۋۇ، جىن يۈجېڭ قاتارلىقلار بار.

# شىنجاڭدىكى تۇنجى يۈرۈش ساپ ئېتان ماتېرىيالى كىرگۈزۈپ ئېتىلېن ئىشلەش تۈرىدە ئىش باشلاندى

## دۆلىتىمىز ئېتىلېن سانائىتى ساھەسىدە تۇنجى قېتىم «ئۆزىدىكى بايلىق + ئۆزىدىكى تېخنىكا» قوللىنىلدى

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېيىڭنىڭ تارىم نېفىتلىكى شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى تۇنجى يۈرۈش ساپ ئېتان ماتېرىيالى كىرگۈزۈپ ئېتىلېن ئىشلەش تۈرى كورلا شەھىرىنىڭ شاڭكۇ ئۇنىۋېرسال كەسىپلەر باغچە رايونىدا قۇرۇلۇش باشلىغان. ئىگىلىنىشىچە، بۇ تۈر جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەم دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۈلگىلىك كارخانا بەرپا قىلىشتىكى نۇقتىلىق تۈرى ئىكەن، شۇنداقلا جۇڭگو نېفىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى يەككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ تۈرى ئىكەن.

تارىم نېفىتلىكى شىركىتى نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى جىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ تۈردە تارىم نېفىتلىكىنىڭ مول تەبىئىي گاز بايلىقى ۋە جۇڭگو نېفىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئېتىلېن ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئېتاندىن ئېتىلېن ئىشلەش سانائىتى ساھەسىدىكى «ئۆزىدىكى بايلىق+ئۆزىدىكى تېخنىكا»نىڭ تۇنجى قېتىم قوللىنىلىشى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئۆزىدىكى ئېتان بايلىقىنى خام ماتېرىيال قىلىپ ئېتىلېن ئىشلەش يوق بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. نافتا قاتارلىق پارچىلىنىدىغان ئېغىر خام ماتېرىيالغا سېلىشتۇرغاندا، ئېتاننى خام ماتېرىيال قىلىپ ئېتىلېن ئىشلەش ئېتىلېن ئېلىش نىسبىتى يۇقىرى، قوشۇمچە مەھسۇلات ئاز، ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپى ئاددىي، ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. نۆۋەتتە، بۇ تۈر دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئېتاندىن ئېتىلېن ئىشلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

تارىم ئېتاندىن ئېتىلېن ئىشلەش تۈرىگە جەمئىي 9 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، تۈر قۇرۇلۇشى مەزمۇنى ئاساسلىقى يىلىغا 600 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، 300 مىڭ توننا تولۇق قويۇقلۇقتىكى پولىتېسىرېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، 300 مىڭ توننا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى پولىتېسىرېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، ھەمدە يۈرۈشلەشكەن ئومۇم پايدىلىنىدىغان قۇرۇلۇش، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەسى ۋە زاۋۇت سىرتىدىكى قۇرۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىرىك پىلانغا ئاساسەن، بۇ تۈر 2021 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پۈتۈپ، ماتېرىيال سېلىپ سىناق ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىكەن.

بۇ تۈر شۇنداقلا تارىم نېفىتلىكى شىركىتىنىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنى بىر گەۋدىلەشكەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم، زور قۇرۇلۇش. بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 6 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1200 بىۋاسىتە ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېتىلېننى باشلامچى ۋە يېتەكچى قىلغان كەسىپ توپى شەكىللەندۈرۈپ، تۆۋەن ئېقىندىكى ترانسپورت، مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان تارىم نېفىتلىكى 2020 ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارىنى 31 مىليارد كۇب مېترغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. ئىگىلىنىشىچە، پۈتتۈرۈلگەن تارىم نېفىتلىكىنىڭ گازنى قويۇقلاشتۇرۇپ ئاجرىتىۋېلىنغان يېنىك گىدرو كاربوننى چوڭقۇر يىغىۋېلىش قۇرۇلۇشىدا، ھەر يىلى 762 مىڭ توننا ئېتان ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئېتاندىن ئېتىلېن ئىشلەش تۈرى يېتەرلىك خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىنىدىكەن.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسى ئەتە ئېچىلىدۇ

## ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ۋە ئورۇن تەرتىپى 24 ـ چېسلا ئېلان قىلىنىدۇ

مۇخبىرىمىز جاۋ شيانىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى توردا ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت 12دە ئېچىلىدىكەن. ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى (http://www.xjzk.gov.cn) «2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى توردا ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسى»غا كىرىپ، «2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى كەسىپلەر مۇندەرىجىسى»نى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئارزۇ تولدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىسە بولىدىكەن. «2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى كەسىپلەر مۇندەرىجىسى» («شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىمتىھان ‹كېيىنكى قىسمى›»)نىڭ قەغەز نۇسخىسى ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىتىلىپ بېرىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، تولۇق كۇرس ئالدىنقى تۈركۈمنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 18گىچە، باشقا تۈركۈمنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 18گىچە بولىدىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ۋە ئورۇن تەرتىپى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 22دە ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكا نومۇرى ۋە مەخپىي نومۇرىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تورى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مەخسۇس تور بېكىتى، شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى، تيانشان توردا ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تۈرلۈك ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى كۆچمە خەۋەرلىشىش ئابونىچىلىرى قىسقا ئۇچۇر ئەۋەتىپ، سۈرۈشتۈرۈشنى زاكاز قىلسا ۋە تەلەپ قىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا 12580گە تېلېفون قىلىپ تېلېفونىست سۇپىسىغا ئۇلاپ نەتىجە سۈرۈشتۈرۈش كەسپىنى زاكاز قىلسا بولىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ نەتىجىسىدىن گۇمانلانسا، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئىمتىھان بەرگۈچى تۇرۇشلۇق ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)تىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا بېرىپ، «2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى نەتىجىسىنى قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلى»نى ئېلىپ، بەلگىلىمە بويىچە قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.




# ساۋ يوخەي: ئۈچ قېتىم ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئۇرۇش تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولۇش نۇرغۇن جەڭنى باشتىن كەچۈرۈپ دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش



ساۋ يوخەينىڭ سۈرىتى(ماتېرىيال سۈرەت). □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر تېڭ جۈنۋېي)** 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، يىمېڭ كونا ئىنقىلابىي رايونىدىكى 8 ـ ئارمىيە 115 ـ شى سىلىڭبۇسىنىڭ ئەسلىي ئورنىدا ساۋ يوخەي خاتىرە سارىيى يېڭىدىن كۆپەيدى. «1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» ساۋ يوخەي ئىلگىرى ئۈچ قېتىم ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئاخىرىدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 28 ياشتا ئىدى.

ساۋ يوخەي، 1923 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسى جۈنەن ناھىيەسى (1941 ـ يىلىدىن ئىلگىرى جۈشيەن ناھىيەسىگە تەۋە ئىدى) لاۋپۇ بازىرىنىڭ دۇڭدىيەنتوۋ كەنتىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، بۇۋىسى ياپون باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ساۋ يوخەي ئون يېشىدىن باشلاپ پومېشچىكلارغا ئىشلىگەن. 19 يېشىدا، ئۇ تۇنجى بولۇپ باشلامچىلىق بىلەن تىزىملىتىپ 8 ـ ئارمىيەگە قاتناشقان. كېيىن بىر قېتىملىق تازىلاشقا قارشى تۇرۇش جېڭىدە يارىلىنىپ، ئۆيىگە قايتىپ داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قىسىم بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئامالسىز قالغان ساۋ يوخەي جۈنەندە تۇرۇشلۇق 8 ـ ئارمىيە قىسمى(شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ 111 ـ شىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن 8 ـ ئارمىيە ئىشتاتىغا تەۋە بولغان)نى تېپىپ، ھەربىي سەپكە قاتنىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان. قىسىم رەھبەرلىرى ساۋ يوخەينىڭ شەندۇڭ زۇڭدۇي 2 ـ لۈسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئەسلىي قىسمىغا قايتۇرماقچى بولغان، لېكىن ساۋ يوخەي قەتئىيلىك بىلەن: «مەن ئەمدى ساقلىيالمايمەن، بۇرۇنراق ئالدىنقى سەپكە بېرىپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ قىسمىغا قاتنىشاي» دېگەن. شۇنداق قىلىپ، ساۋ يوخەي ئىككىنچى قېتىم 8 ـ ئارمىيەگە قاتناشقان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى داۋامىدا، ساۋ يوخەي باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېڭشەن جېڭى، شەرقىي شىمالدا باندىت تازىلاش، سىپىڭنى قوغداش، ئۈچ قېتىم جاڭنەنگە يۈرۈش قىلىش، غەربىي لياۋنىڭ بىرلەشمە جېڭى، تيەنجىننى ئازاد قىلىش قاتارلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا يەتتە قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن، «بىڭخەي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش نەمۇنىچىسى» «ئۇرۇش نەمۇنىچىسى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ساۋ يوخەي چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئازاد قىلغان، خۇبېي يىچاڭدا بەي چۇڭشىنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. ساۋ يوخەي شىددەتلىك جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ، ۋۇخەندە قېلىپ داۋالانغان. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلىشىپ، ئۇنى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ۋۇخەن تۈرمىسىگە تۈرمە باشلىقى بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن شىمالغا يۈرۈش قىلغان 114 ـ شى ۋۇخەندىن ئۆتكەندە، ساۋ يوخەي بۇرۇنقى قىسمىنى ئىزدەپ تېپىپ، قىسمىغا قايتىپ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان، شىجاڭ جەي جۇڭيۈ «سىز كەسىپ ئالماشتۇرۇپ بولدىڭىز، يەرلىكتە ياخشى ئىشلەڭ» دېگەندە، ساۋ يوخەي قەتئىي ھالدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز ئەمدىلا قۇرۇلدى، جاھانگىرلار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئوتىنى ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ خەۋپسىزلىككە تەھدىت سالماقتا، مەن بىر ئىنقىلابىي ھەربىي، دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قانداقمۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرالايمەن، مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ تاجاۋۇزچىلارنى ئۆز قولۇم بىلەن يوقىتىمەن!» دېگەن.

يولغا چىقىش ئالدىدا، ساۋ يوخەي لايىقىنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ئۇنى قايىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، قەتئىيلىك بىلەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، 350.3 ئېگىزلىكنى قوغدىغان.

350.3 ئېگىزلىكى جىڭئەنلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، لىچۇەن، لۇڭرېن، شۈيېۈەندىن ئىبارەت ئۈچ جايدىن خەنچېڭ(ھازىرقى سېئۇل)غا تۇتىشىدىغان ئۈچ تاشيولنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا جايلاشقان، شۇنداقلا پىدائىي ئارمىيەنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش 4 ـ قېتىملىق جېڭىدە غەربىي سەپتە دۈشمەننى توسۇشتىكى مۇھىم ھالقا ئىدى. دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا، 1 ـ يېڭنىڭ يېڭجاڭى بولغان ساۋ يوخەي جەڭگە سالماقلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالتە قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىندۈرگەن. دۈشمەننىڭ 7 ـ قېتىملىق ھۇجۇمىدا بەختكە قارشى ساۋ يوخەينىڭ بېشى، كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ، ئالدىنقى سەپ بازىسىدا قۇربان بولغان.

بۇ جەڭ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشقان بولۇپ، ئارمىيەمىز قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، سەر خىل قوراللانغان دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، 350.3 ئېگىزلىكنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، پىدائىي ئارمىيەنىڭ شەرقىي سەپتىكى خېڭچېڭدا دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ 30 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىشتەك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

1951 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پىدائىي ئارمىيە باش ئىشتابى ساۋ يوخەينى «ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆھپىكار» «1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئۇ يېڭجاڭ بولغان 1 ـ يېڭغا «قەھرىمان قىسىم» دېگەن نام بېرىلگەن ھەم كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىپ، «ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئەنى تەڭ ھازىرلاش» دېگەن لەۋھە بېرىلگەن؛ قارىمىقىدىكى 3 ـ لىيەنگە «قەھرىمان لىيەندۈي» دېگەن نام بېرىلگەن ھەم «جەڭ قىلغانسېرى غەلىبە قىلىش» دېگەن لەۋھە بېرىلگەن.

ساۋ يوخەينىڭ ئىسمى ئۇنتۇلۇپ قالمىدى. چاۋشيەندىكى چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇق خاتىرە مۇنارىغا قەھرىمان ساۋ يوخەينىڭ ئىسمى ئويۇلغان؛ جۇڭگو دەندۇڭدىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە سارىيىدا، ساۋ يوخەينىڭ سۈرىتى خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ سۈرىتى بىلەن بىللە خاتىرىلەش زالىغا ئېسىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى ئۈچۈن تەمىنلەنگەن؛ 38 ـ جىتۇەنجۈننىڭ ئارمىيە تارىخى سارىيى، قوراللىق ساقچى قىسىم 114 ـ شىسىنىڭ شى تارىخى سارىيى، 342 ـ تۇەننىڭ تۇەن تارىخى سارىيى ۋە 1 ـ يېڭنىڭ شەرەپ ئۆيىدە ساۋ يوخەينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئاساسىي مەزمۇن سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنغان.

2013 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ساۋ يوخەي خاتىرە سارىيى جۈنەن ناھىيەسىنىڭ دادىيەن بازىرى 8 ـ ئارمىيە 115 ـ شى سىلىڭبۇسىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا سېلىندى. ئېكسكۇرسىيەچىلەر مۇنداق بىلدۈرۈشتى: «ئىنقىلابىي قۇربان ساۋ يوخەي قىسقىغىنا ھاياتىدا جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك قەسىدىسىنى ياڭراتتى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئارمىيەمىز ۋە دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ، كېيىنكىلەرنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەڭگۈ رىغبەتلەندۈرمەكتە!»

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)